# بىر نەرسە ئالغاندىمۇ ۋە ساتقاندىمۇ ۋە قەرز ئادا قىلغاندىمۇ كەڭ قورساق بولغان كىشىگە ئاللاھ تائالا رەھمەت قىلسۇن

جابىر رەزىيەللاھۇئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بىر نەرسە ئالغاندىمۇ ۋە ساتقاندىمۇ ۋە قەرز ئادا قىلغاندىمۇ كەڭ قورساق بولغان كىشىگە ئاللاھ تائالا رەھمەت قىلسۇن».
[تېكىست توغرا] [بۇخارى رىۋايىتى]

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام سودا-سېتىق ئىشلىرىدا سېخى، مەرد ۋە ئاسانلىق يارىتىپ بەرگۈچى ھەر قانداق كىشى ئۈچۈن رەھمەت تىلەپ دۇئا قىلدى. سېتىۋالغۇچىغا باھادا قاتتىقلىق قىلماسلىق، چىرايلىق، گۈزەل ئەخلاق بىلەن مۇئامىلە قىلىش. بىر نەرسە سېتىۋالسا سېخى، مەرد ۋە ئاسان پۈتتۈرىدىغان بولۇش، بېخىللىق قىلماسلىق ۋە مالنىڭ قىممىتىنى تۆۋەنلىتىۋەتمەسلىك. باشقىلاردىن ھەققىنى تەلەپ قىلسىمۇ سېخى، مەرد ۋە ئاسان پۈتتۈرىدىغان بولۇش، كەمبەغەللەرگە ۋە ئېھتىياجلىق كىشىلەرگە قاتتىقلىق قىلماسلىق، مۇلايىملىق بىلەن مۇئامىلە قىلىش، قىيىنچىلىق بار كىشىگە مۆھلەت بېرىش.

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/3716